شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى

(2019 - يىلى 8 - ئاي)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى

(بېشى 1 - بەتتە)

تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇقلىرىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

بىرىنچى، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى

تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولغىنىغا ئۇزاق بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 40 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر «پانتۈركىزم» «پانئىسلامىزم» ئىدىيە ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. خىلمۇخىل «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى جۇڭگونى پارچىلاش غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىيزمنى تەرغىب قىلىپ، بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ شىنجاڭدىكى سىڭدۈرمىچىلىكى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى پات - پات يۈزبېرىپ تۇردى.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشى كۈچىيىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئېغىر، زور ئاپەت پەيدا قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، بېلگىيە، رۇسىيە، تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستان، ھىندونېزىيە، يېڭى زېلاندىيە، سىرى لانكا قاتارلىق دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايوننىڭ ھەممىسىدە ئەسەبىيزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش دېلو(ۋەقە)لىرى يۈزبېرىپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە ئېغىر، زور مال - مۈلۈك زىيىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۇنيا تىنچلىقىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا قارا كۆلەڭگە تاشلىدى.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، زەھەر تاشلاش، ئوت قويۇش، ھۇجۇم قىلىش، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش، توپىلاڭ پەيدا قىلىش قاتارلىق بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلغان، نەچچە يۈز نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، زىيانغا ئۇچرىغان مال - مۈلۈكنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇشى مۇرەككەپ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئالاھىدە دۆلەت، ئالاھىدە رايون، ئالاھىدە مىللەت، ئالاھىدە دىن، ئالاھىدە جەمئىيەت تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ھەم دۇنياۋى خاراكتېرلىك تېما، شۇنداقلا دۇنياۋى خاراكتېرلىك قىيىن مەسىلە. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئۈنۈملۈك ھالدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، تېررورىزم، ئەسەبىيزمگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ كونكرېت يوللىرى ۋە چارىلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيەسى، پۇقرالىرىنىڭ تەربىيەلىنىش دەرىجىسى ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدار ئەھۋالى قاتارلىقلاردا پەرق بولغانلىقتىن، قوللانغان چارىلىرى ۋە تەدبىرلىرىمۇ ئوخشاش بولمىدى.

شىنجاڭدىكى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭىپ كىرگەن ۋاقتى ئۇزاق، تەسىر دائىرىسى كەڭ، زەھەرلەش دەرىجىسى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى بىر مەزگىل كۆپ يۈزبەردى، ئۈزۈلمەي يۈزبەردى، دېلوغا چېتىلغان كىشىلەر كۆپ، تەسىرگە ئۇچرىغان ئاممىا زور بولۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋەزىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، شۇ جايدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ نوپۇسى كۆپ بولۇش، تاشقى ئالاقىسى راۋان بولماسلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولۇش، ئۇچۇر راۋان بولماسلىق، زامانىۋى پەننى بىلىملەر كەمچىل بولۇش قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللارنى ۋاستە قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيزمنى تارقاتتى. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەرنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، ئەسەبىيزمنى دىن بىلەن باغلىۋېلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىا بىلەن باغلىۋېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن باغلىۋېلىپ، زامانغا لايىق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇترىتىپ، دىنىي قائىدە ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت قۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بارلىق زامانغا لايىق قاراش ۋە زامانىۋى مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئاتالمىش «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ»نى تەرغىب قىلىپ، ئاتالمىش «كاپىر» «دىندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر»گە زىيانكەشلىك قىلىپ، شۇ يەرنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئوتتۇرا يول تۇتقان، توغرا ئېتىقادلىق دىنىي زاتلارنى چەتكە قاقتى، زىيانكەشلىك قىلدى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتتى. دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپلىگەن ئاممىغا ئېغىر روھىي بويۇنتۇرۇق سېلىندى، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېغىر كاشىلىغا ئۇچرىدى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا روھىي جەھەتتىن كونترول قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇشقا سىجىل قۇترىتىپ، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى چەتكە قاقتى؛ ئاتالمىش «دىنىي قائىدە» «ئائىلىۋى قائىدە»نى بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنى ھەرىكەت مىزانى قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا، قانۇنلىرىغا قارشى تۇردى؛ «ئاخىرەتنى خۇدا پۈتكەن» دېگەننى تەرغىب قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى رەت قىلىشقا قايمۇقتۇردى. كۆپلىگەن ئاممىا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىدى، ئەقەللىي قانۇن بىلىملىرىنىمۇ ھازىرلىمىدى.

دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ۋە كونتروللۇقىدا، نۇرغۇن كىشى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى، ئەسەبىيزم ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتى ياكى قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلدى، مەجبۇرلاندى، قايمۇقتۇرۇلدى، لېكىن قىلمىشى يېنىكرەك بولدى ياكى ئەمەلىي زىيان ئاقىۋىتى كەلتۈرۈپ چىقارمىدى؛ بىر قىسىم كىشىلەر تېررورلۇق ھەرىكىتى جىنايىتى، ئەسەبىيزم جىنايىتى بىلەن جىنايەت بېكىتىلىپ جازالانغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلالمىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىشىلەر دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زەھىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن، نورمال تۇرمۇش بىلەن قانۇننىڭ چەك - چېگراسىنى ئەقلىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولدى، ئەگەر ئۇلارغا قارىتا پائال ئارىلىشىش تەدبىرى قوللىنىلمىسا، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ ئۇلارغا بولغان ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ نورمال ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا سىڭىشىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋالغا قارىتا، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەم ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ھەم دىنىي ئەسەبىيزمدىن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەر ئەڭ زور دەرىجىدە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇپ قېلىندى. قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قارىتا سىستېمىلىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىشى، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىشنى توسۇش، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، يەنە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

ئىككىنچى، قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى

شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۇسۇلى، ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى پىرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈردى.

شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ۋە «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»دىن ئىبارەت ئىككى يەرلىك نىزامنى تۈزدى ھەم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈردى.

جۇڭگو قانۇنلىرىدا قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ۋە جىنايى قىلمىش پەرقلەندۈرۈلگەن ھەم ئوخشاش بولمىغان قانۇن ئىجرا قىلىش ئەدلىيە سۇبيېكتى ۋە بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش كونكرېت قىلمىشى ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش كونكرېت قىلمىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزىلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەمۇرىي ئورگانلار قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن جازالايدۇ؛ بەزىلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تەھقىقلەپ تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، تەپتىش ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئەيىبلىمەسلىك قارارى چىقىرىدۇ؛ بەزىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، سوت ئورگانلىرى قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ جىنايەت بېكىتىپ جازا ھۆكۈم قىلىدۇ.

تېررورىزم، ئەسەبىيزم قانۇنغا خىلاپ كونكرېت جىنايەت دېلولىرىدا، قانۇندا بەلگىلەنگىنى بويىچە، كونكرېت قىلمىشلار ھەم ھەقدارلارنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ، تەپتىش ئورگانلىرى ئەيىبلەپ، سوت ئورگانلىرى جىنايەت بېكىتىپ جازا ھۆكۈم قىلغاندىن سىرت، بەزى دېلولارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قاتارلىق مەمۇرىي ئورگانلار قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ، بەزى دېلولارغا تەپتىش ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئەيىبلىمەسلىك قارارى چىقىرىدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى دەل دۆلەتنىڭ كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش بىرلەشتۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار سىياسىتى ۋە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش فاڭجېنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو قانۇنلىرىدا ۋە يەرلىك نىزاملاردا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە، ئەسەبىيزم ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان كىشىلەرگە قارىتا، يەنە ياردەم بېرىپ تەربىيەلەش، ئورۇنلاشتۇرۇپ تەربىيەلەش قاتارلىق تەدبىرلەر بەلگىلەنگەن.

شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىپ تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. ھازىر تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كىرگەن تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۈچ تۈرلۈك: بىرىنچى تۈردىكىلەر، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە، ئەسەبىيزم ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلگەن، مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغانلار ياكى تېررورلۇق ھەرىكىتىگە، ئەسەبىيزم ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئەھۋالى يېنىك بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن كىشىلەر. ئىككىنچى تۈردىكىلەر، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە، ئەسەبىيزم ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلگەن، مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغان ياكى تېررورلۇق ھەرىكىتىگە، ئەسەبىيزم ھەرىكىتىگە قاتناشقان، رېئال خەۋپ - خەتىرى بولغان، تېخى رېئال خەۋپ - خەتەر ئاقىۋىتى پەيدا قىلمىغان، سۇبيېكتىپ قەبىھلىكى چوڭقۇر بولمىغان، جىنايىتىنى تونۇپ، جىنايىتىگە پۇشايمان قىلىپ، قانۇن بويىچە جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر بولمىغان ياكى جىنايى جازاسى كەچۈرۈم قىلىنغان، ئۆز رازىلىقى بىلەن تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر. ئۈچىنچى تۈردىكىلەر، تېررورلۇق ھەرىكىتى جىنايىتى، ئەسەبىيزم جىنايىتى بېكىتىلىپ جازا ھۆكۈم قىلىنغان، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى باھالاش ئارقىلىق يەنىلا جەمئىيەتكە خەۋپ - خەتىرى بار دەپ قارالغان، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە قارار قىلىپ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەربىيەلىنىدىغان كىشىلەر. بىرىنچى، ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نىڭ 29 - ماددىسى، 30 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە ياردەم بېرىپ تەربىيەلىنىدۇ ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەربىيەلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەرگە قارىتا كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش بىرلەشتۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار سىياسىتى بويىچە، ئاز ساندىكىلەرگە زەربە بېرىلىپ، كۆپ ساندىكىلەر قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ، جىنايىتىنى تونۇغان، جىنايىتىگە پۇشايمان قىلغان، ئۆز رازىلىقى بىلەن تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر قانۇن بويىچە ئەيىبلىمەسلىك قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇلار ياردەم بېرىلىپ تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ كونكرېت قانۇن تەرتىپى — ئالاقىدار ئورگانلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، نىزام، بەلگىلىمىلەر بويىچە، مۇناسىۋەتلىك قىلمىشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەھۋالىنى بېكىتىپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، بىرىنچى تۈردىكى كىشىلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ياردەم بېرىلىپ تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە تەھقىقلىنىپ، تەپتىش ئورگانلىرى قاراپ چىقىش ئارقىلىق ئەيىبلىمەسلىك قارارىنى چىقارغاندىن كېيىن، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ياردەم بېرىلىپ تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەر جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈش خەۋپى بار دەپ باھالانغانلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىشىلەرگە «مەركەزلىك تەربىيەلەش، ياتاقلىق تۈزۈمدە ئۆگىنىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەربىيەلەش» قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھەقسىز كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلىدۇ، ھەمدە تەربىيەلەنگۈچىلەر باھالاشتا ئۆلچەمگە يەتكەندىن كېيىن، تەربىيەنى تاماملاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ياردەملىشىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىمۇ بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە خىزمىتى يەنە خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئالاقىدار ئەھدىنامە، تەشەببۇستا ئايدىڭلاشتۇرۇلغان ئاساسىي پىرىنسىپقا ئۇيغۇن. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيەتچان بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىدا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى پائال قوللايدۇ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە باشقا خەلقئارالىق قانۇنلارنىڭ پىرىنسىپى، مىزانىغا ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ماقۇللىغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا دائىر بىر قاتار قارارلارنى قوللايدۇ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» (60/288)نىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىدۇ. ھازىر، جۇڭگو «تېررورىزملىق پارتلىتىشنى چەكلەش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» «تېررورىزمغا مەبلەغ ياردىمى بېرىشنى چەكلەش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» «يادرو تېررورلۇق ھەرىكىتىنى چەكلەش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» «تۇتقۇن قىلىشقا قارشى تۇرۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» قاتارلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خەلقئارا ئەھدىنامىلىرىگە قاتناشتى. ئۇلاردىن سىرت، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسى ئىچىدە، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن «تېررورىزمغا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئەسەبىيزمگە زەربە بېرىش شاڭخەي ئەھدىنامىسى» «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تېررورىزمغا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئەسەبىيزمگە ھەمكارلىشىپ زەربە بېرىش تەسەۋۋۇرى» «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەسەبىيزمگە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تېررورىزمغا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئەسەبىيزمگە ھەمكارلىشىپ زەربە بېرىش بويىچە 2019 - يىلدىن 2021 - يىلغىچە بولغان ھەمكارلىق پروگراممىسى» «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا، زەھەر ئەتكەسچىلىكىگە ۋە تەشكىللىك جىنايەتكە زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ھەرىكەت پىلانى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «زوراۋان ئەسەبىيزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»(70/674) دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: نامراتلىق، ئىشسىزلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كەمچىل بولۇش ۋە تەربىيەلىنىش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇش ھەممە زوراۋان ئەسەبىيزم تەشكىلاتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۇرۇقداشلىق پەرقى ۋە سىياسىي ئىدىيە سىستېمىسىنى خالىغانچە بۇرمىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن خالىغانچە پايدىلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەر زوراۋان ئەسەبىيزمنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سەۋەبى. ھەرىكەت پىلانىدا مۇنداق تەكلىپ بېرىلدى: زوراۋان ئەسەبىيزمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا جەزمەن تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىپ، بالدۇرراق قول سېلىپ، زوراۋان ئەسەبىيزمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، زوراۋان ئەسەبىيزمگە ماسلىشىپ زەربە بېرىش كېرەك. ھەرىكەت پىلانىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دۆلەتنىڭ تەرەققىيات سىياسىتى بىلەن ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات نىشانىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ، بارلىق شەكىلدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىپ، سۈپەتلىك مائارىپقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىي خەلقنى ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىلەندۈرۈش كېرەك؛ زوراۋان ئەسەبىيزم تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقان كىشىلەرنى تەربىيەلىنىش پۇرسىتى ۋە ئىقتىسادىي پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى زوراۋان ئەسەبىيزم تەشكىلاتىدىن قول ئۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك؛ ياشلارنى داۋاملىق ئۆگىنىش پۇرسىتى، كەسپىي تەربىيەلىنىش بايلىقى، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن تەمىنلەش كېرەك. شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش دەل جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشەببۇسى ھەم ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)